# شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەنىۋى مەدەنىيلىك، جەمئىيەت مەدەنىيلىكى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشقىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، مائارىپ، داۋالاش، تۇرالغۇ قاتارلىقلاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى باشلامچىلىق بىلەن تاماملاپ، كېيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شېنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى تامامەن توغرا. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى داۋاملىق قۇرۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇش، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شېنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ 40 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلىنىپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. بىرىنچى، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ساقلاش كېرەك. ئىككىنچى، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، جەزمەن تەرەققىياتنىڭ قاتتىق داۋلى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بۆسۈشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىش، باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھاتتا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، جەزمەن ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، «كىرگۈزۈش»نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن «چىقىرىش»نىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى يېڭى ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپلەر ئۆزگىرىشى داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئالتىنچى، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك. يەتتىنچى، جەزمەن قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىقنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. سەككىزىنچى، جەزمەن سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. توققۇزىنچى، جەزمەن «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىچكىرى رايونلار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئونىنچى، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىچىدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا يۈزلەندى. شېنجېن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى ياخشى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ شەھەر ئۈلگىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يېڭى ئەمەلىيىتىنى بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بىرىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئۇل تەتقىقات ۋە قوللىنىشچان ئۇل تەتقىقات سېلىنمىسى سالمىقىنى زورايتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى پوتېنسىيال ئېنېرگىيەنى ئاشۇرۇشى كېرەك. زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئېنېرگىيە دەرىجىسى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئىختىساسلىقلار سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جاھاندىكى تالانت ئىگىلىرىنى توپلاپ ئىشقا قويۇشى كېرەك. ئىككىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شېنجېننىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشنى قوللاپ، تىزىملىك بويىچە تۈركۈملەپ ھوقۇق بېرىش شەكلى ئارقىلىق شېنجېنغا مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ كۆپ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقى بەردى. شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، توغرا يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، تىرىشىپ مۇھىم ساھەلەردە بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمال سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قائىدە، ئۆلچەم قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. تۆتىنچى، پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. پۈتۈن دەۋرىيلىك باشقۇرۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، شەھەر ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدارە قىلىش يېڭى يولىدا ئىزدىنىپ مېڭىشى كېرەك. بەشىنچى، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى كېرەك. تېخىمۇ كۆپ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ، كونتۇنۇش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى سۈپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى، بەخت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا خەلق ئاممىسى ئارىسىدىن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار تەرەققىياتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئېلىشى كېرەك. ئالتىنچى، پائال نەتىجە يارىتىپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۈچ جاي ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش قائىدىسىنى جىپسىلاشتۇرۇش، مېخانىزمنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بازارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارنى مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈش، قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا داۋاملىق يېتەكلەپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يىگانە گۈل ئاچسا پورەك، بەرمەس باھاردىن دېرەك؛ تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك. بىز ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، ھەم دۇنيادىن تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئالدۇق، ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزدۇق. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلغان 40 يىللىق ئەمەلىيەت دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق قاتنىشىشىدىن ئايرىلالمىدى، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەرگە كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىپ بەردى، ئۇلارنى تەرەققىيات مەنپەئەتىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش، ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى قارشى ئالىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدىغان بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، بىلىم ـ قارىشىنى يېڭىلاپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەت چوڭ ۋەزىيىتىدە تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلىشى، ئىش بېجىرىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقى ۋە غەيرىتىنى قوزغاش كېرەك. ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئوخشاشلا ئەلا جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك. غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھى ۋە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بۆسۈشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىش، باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىش، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەشتەك ئالاھىدە رايون روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، ئامما، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش كېرەك. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا، شېنجېن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ۋېيجۇڭ، يەنشياڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكا پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى چېن جىليې، جۇڭگو قۇرۇلۇش يېڭى ـ تېخنىكا سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى خۇانەن چوڭ رايونىنىڭ باش ئىنژېنېرى لۇ جيەنشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.

لى شى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دىڭ شۆشياڭ، لىۇ خې، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، دۇڭ جيەنخۇا، خې خوۋخۇا، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، خې لىفېڭ ۋە مياۋ خۇا يىغىنغا قاتناشتى.

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۈئې، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، شيامېن، خەينەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرى ۋە پۇدۇڭ، بىنخەي، شيۇڭئەن يېڭى رايوندىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، شېنجېن نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان رايونلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك زاتلار ۋەكىللىرى، چەت ئەللىك مېھمانلار ۋەكىللىرى، شېنجېندىكى ھەرساھە ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ لىيەنخۇاشەن باغچىسىغا كېلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى. شى جىنپىڭ ئاستا قەدەم بىلەن مىس ھەيكەلنىڭ ئۇل تەكچىسىگە چىقىپ، گۈل سېۋىتىدىكى قىزىل لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلەپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە مىس ھەيكەلگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا بولغان ئالىي ئېھتىرامى ۋە چوڭقۇر سېغىنىشىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ قاتارلىقلار يەنە «ئالدىن يۈرۈش، ئالدىن سىناشتىن ئالدىن يۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىشكىچە ـــ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان قىسمەن ۋەكىللەر بىلەن سەممىمىي كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئۇنىۋېرسال ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئۇنىۋېرسال ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى قومۇلدا ئېچىلدى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى بويىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئۇنىۋېرسال ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رايون بويىچە تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تەبىئىي ئاپەتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش كاپالەت ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا تىرەكى ۋە ئىختىساسلىقلار كاپالىتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش سەۋىيەسى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن ئاساسىي قاتلامدا ئىزدىنىشنى بىرلەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

## ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق «100 قانۇنشۇناس 100 مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى» بويىچە قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق «100 قانۇنشۇناس 100 مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى» بويىچە قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ۋاڭ مىڭشەن دوكلات يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

«100 قانۇنشۇناس 100 مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى»نى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، ئاساسلىق تەشۋىقات ئوبيېكتلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپ، مەركەزنىڭ ئالاقىدار روھىنى، بولۇپمۇ قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم پائالىيەت.

دوكلات يىغىنىدا، جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ مىڭچى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ تۈزۈلۈش ئارقا كۆرۈنۈشى، تۈزۈلۈشى، روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى تەپەككۇرى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، بۇ قېتىمقى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى بويىچە يېتەكلەش لېكسىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆگىنىش، نەمۇنىلىك بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ھەممىدىن ئەلا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، ھوقۇقنى قانۇن بېكىتىش، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش قاتارلىق ئاساسىي قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ـ تۈگىتىش، جەمئىيەت ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىرىنچى جاۋابكار بولۇشتەك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىللىگۈچىلىرى، تۈرتكە بولغۇچىلىرى، تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئۈلگىلىرى بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.